# ئى ئەنسارلار جامائىتى، مەن سىلەرنى ئازغۇن هالدا تېپىپ ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا سىلەرگە مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق ھىدايەت بەرمىدىمۇ؟ سىلەر چېچىلاڭغۇ ئىدىڭلار، مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا سىلەرنىڭ ئاراڭلارنى ئىتتىپاق قىلمىدىمۇ؟ مەن سىلەرنى مۇھتاج هالدا ئىدىڭلار، مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا سىلەرنى بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئىبنى ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: ھۇنەين غازىتى كۈنى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا رەسۇللاھقا ئولجىلارنى ئاتا قىلىۋىدى، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىش جەريانىدا ئۇنىڭدىن ئىسلامغا مايىل قىلماقچى بولغان كىشىلەرگىمۇ تەقسىم قىلىپ بەردى ۋە ئەنسارىلارغا ھېچنېمە بەرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كەلدى، چۈنكى باشقىلارغا تەككەن نەرسە ئۇلارغا تەگمىگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خىتاب قىلىپ: ئى ئەنسارىلار جامائىتى، مەن سىلەرنى ئازغۇن هالدا تېپىپ ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا سىلەرگە مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق ھىدايەت بەرمىدىمۇ؟ سىلەر چېچىلاڭغۇ ئىدىڭلار، مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا سىلەرنىڭ ئاراڭلارنى ئىتتىپاق قىلمىدىمۇ؟، مەن سىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا مۇھتاج هالدا ئىدىڭلار، مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا سىلەرنى بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟ دېۋىدى، ئۇلار: ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئاتاسى ھەممىدىن ئارتۇقتۇر، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداقتا سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇشتىن نېمە چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ؟ دېۋىدى، ئۇلار: ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئاتاسى ھەممىدىن ئارتۇقتۇر، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر خالىساڭلار ئەلۋەتتە سىلى بىزگە ئۇنداق – مۇنداق هالەتتە كەلگەن ئىدىلە، دېيەلەيسىلەر، باشقا كىشىلەر قوي-كالىلار بىلەن كەتسە، سىلەر كارۋىنىڭلارغا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىلەن كېتىشكە رازى بولمامسىلەر؟ ئەگەر ھىجرەت بولمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەن ئەنسارىلاردىن بىرسى بولغان بولاتتىم، بارلىق كىشىلەر بىر ۋادى ياكى بىر جىلغىغا ماڭسا، مەن ئەنسارىلارنىڭ ۋادىسى ۋە جىلغىسىغا ماڭاتتىم. ئەنسارىلار ئىچ كىيىم، باشقىلار تاش كىيىمدۇر. سىلەر مەندىن كېيىن ئۇنىڭ پەزىلىتىنى كۆرۈسىلەر، ھەۋزى كەۋسەرنىڭ يېنىدا مەن بىلەن ئۇچراشقۇچە سەبىر قىلىڭلار

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھۇنەين غازىتى كۈنى نۇرغۇنلىغان غەنىمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئىدى، پەيغەمبىرىمىز تائىپ قورشاۋىنى تاشلاپ غەنىمەتلەرنىڭ يېنىغا قايتتى، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى مال-چارۋىلاردىن ئىبدى (يەنى 40 مىڭدىن ئارتۇق تۆگە، 120 مىڭ ئەتراپىدا قوي ئىبدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامغا يېڭى كىرگەن قەبىلىلەرگە ئۇلارنى ئىسلامغا تېخىمۇ مايىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا مال-چارۋىلارنى بەردى، بۇ ئەھۋالغا ئەنسارلارنىڭ بەزىسى رازى بولمىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەنلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دېيىشكەن گەپلىرى، يەنى: ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىزنى قويۇپ، غەنىمەتلەرنى (بىز بىلەن ئۇرۇشۇپ) تېخى قىلىچلىرىمىزدىن ئۇلارنىڭ قانلىرى تامچىپ تۇرغان قەۋملەرگە بېرىۋاتىدۇ، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ گەپلەر يەتكەندە، ئۇلارنى بىر بايراق ئاستىغا توپلىنىشقا بۇيرىۋىدى، ئۇلار

توپلاندى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ماڭا سىلەرنىڭ مۇنداق-مۇنداق دېگىنىڭلار يەتتى دەپ، ئۇلارنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئېيتىپ بەردى ۋە ئۇلارغا بىرئاز كايىدى، ئۇلارنىڭ ئىسلامنى كۈچلەندۈرۈش يولىدا قىلغان خىزمەتلىرىنى ۋە شۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى ئېچىلدى، بۇ گەپ بىلەن ئۇلار، پەيغەمبىرىمىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز كارۋانلىرىغا قايتىش، ئۇنىڭدىن سىرت ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرى بەدىلىگە ئۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتاپ قويغان نېمەتلىرىنى بىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى سەبىرلىك بولۇشقا بۇيرۇپ ئۇ ئارقىلىق ياخشى نەتىجىلەرگە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىنى بىلدۇردى. تەيسىيرۇل ئەللام 306- بەت، تەنبىھۇل ئەفھام 3- توم 403- بەت، تەئسىسۇل ئەھكام 3- توم197- بەت

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4458